# 21222 - پەيغەمبەرئەلەيھسسالام نەچچە قېتىم ئۆمرە قىلغان؟

## سوئال

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەچچە قېتىم ئۆمرە قىلغان؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشكلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: **«پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھاياتىدا تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغان، ئاخىرقى ھەج بىلەن قىلغان ئۆمرىدىن باشقىسىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغان. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىنكى ئۆمرە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى قىلغان ئۆمرە، ھۇنەيىن غازىتىدىن كېيىن غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ بولۇپ، جەئرانىدىن قىلغان ئۆمرە، ھەج بىلەن بىرگە قىلغان ئۆمرە قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.»** [بۇخارى رىۋايىتى 4148-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1253-ھەدىس].

ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ھىجرەتتىن كېيىن تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغان ئۇنىڭ ھەممىسىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغان.

بىرىنچى: ھۇدەيبىيەدە قىلغان ئۆمرە بولۇپ، بۇ تۇنجى قېتىم قىلىنغان ئۆمرە بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 6-يىلى مۇشرىكلار پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام قۇربانلىق تۆگىلەرنى شۇ يەردە بوغۇزلاپ، ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، ئېھرامدىن چىقىپ مەدىنىگە قايتىپ كەتكەن.

ئىككىنچى: ھۇدەيبىيەدىن كېيىنكى يىلى قىلغان ئۆمرە بولۇپ، مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئۆمرە پائالىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن مەككىدىن قايتىپ كەتكەن.

ئۈچىنچى: ھۇنەيىن غازىتىغا چىقىپ، جەئرانىدىن قايتقاندا ئېھرام كىيىپ مەككىگە قايتىپ ئۆمرە قىلغان.

تۆتىنچى: ھەج بىلەن بىرلىكتە قىلغان ئۆمرە.

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ تۆت قېتىمدىن ئارتۇق ئۆمرە قىلمىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. " [زادۇل مەئاد 2-توم 90-93-بەتلەر].

ئىمام نەۋەۋىي يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئۆمرىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلىشى، بۇ ئاينىڭ ئۇلۇغ ئاي بولغانلىقى، شۇنداقلا جاھىلىيەت ئەھلىگە قارشى ھالدا ئىبادەت قىلىشدۇر. چۈنكى ئۇلار زۇلقەئدە ئېيىدا ئۆمرە قىلىشنى بەك ئېغىر گۇناھ دەپ قارايتتى.
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زۇلقەئدە ئېيىدا تەكرار ئۆمرە قىلغانلىقى ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ۋە جاھىلىيەت قارىشىنىڭ ھەقىقەتەن باتىل ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر". [شەرھى مۇسلىم ناملىق ئەسەر 8-توم 235-بەت].